# شىنجاڭ گېزىتى

2020 - يىل 7 - ئاي 11
شەنبە
维吾尔文 7月11日

新疆日报网：www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى：1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى：xjrbdzb@xjdaily.com 25119 - سان بۇگۈن 4 بەت


## تۆرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىش

### —— ئاپتونوم رايونىمىز باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو نېفىت داشۆسى(بېيجىڭ) قاراماي مەكتەپ رايونىدىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا قايتۇرغان مۇھىم جاۋاب خېتىنىڭ روھىنى پائال ئىزچىللاشتۇردى، ئەمەلىيلەشتۈردى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو نېفىت داشۆسى(بېيجىڭ) قاراماي مەكتەپ رايونىدىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا جاۋاب خەت قايتۇرۇپ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەتلەر ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھە ھەققىي تۈردە ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئېلىپ كەلگەن پايدىسىز تەسىرنى يېڭىپ، تۆرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم بېرىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىدا پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن تۆھپە يارىتىشىنى قىزغىن قوللىشى كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## چىن چۈەنگو ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىبرەت تەربىيەسى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

# پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك

### شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۈك، ۋاڭ شىڭرۇي خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايون پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىبرەت تەربىيەسى يىغىنى ئاچتى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چىن چۈەنگو يىغىندا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ھەققىي چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، چېرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ مۇتلەق غەلىبىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە پارتىيە ئەزالىرى ۋە دۆلەت خىزمەتچىلىرى ئارىسىدىكى ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغانلار، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنىڭ دېلو ئەھۋالى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىندى؛ يىغىنغا قاتناشقان خادىملار ئىبرەت تەربىيەسى فىلىمىنى كۆردى.

چىن چۈەنگو سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىبرەت تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىش، «ئىككىنى قوغداش» سىياسىي ئاڭلىقلىقنى كۈچەيتىشنىڭ ئۈنۈملۈك ۋاستىسى، پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش، ئىستىل قۇرۇش، كەيپىيات توغرا سىياسىي ئېكولوگىيەنى بەرپا قىلىش ۋە قوغداشنىڭ مۇھىم تۇتقىسى، قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان كادىرلار قوشۇنى قۇرۇش،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ياشلىق باھارىمىزدا ياشلىق گۈللىرىمىزنى پورەكلىتىپ ئېچىلدۇرىمىز

### —— ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشلارنىڭ غەربىي قىسمىدا يىلتىز تارتىپ، كۈچ ئۇلاپ شىنجاڭنى گۈللەندۈرگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لىيۇ شياڭ، ما يىنىڭ، لياڭ لىخۇا، رايىدە

«يىراققا بارايلى، چېگرا رايونغا بارايلى، ۋەتەن ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلارغا بارايلى!» ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 - ، 60 - يىللىرىدا، تۈركۈم - تۈركۈم ياش دۆلەتنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، جاي - جايلاردىن تيانشان ئېتىكىگە، تارىم دەرياسى بويىغا كېلىپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ياشلىق ناخشىسىنى ياڭراتتى.

يېڭى جۇڭگودىكى ئەۋلادمۇئەۋلاد مۇنەۋۋەر ياشلار ئەجدادلارنىڭ ئىزىنى بويلاپ ياڭگۇەندىن ئۆتۈپ، چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت تارىخىي ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل ياشلىق باھارىنى بېغىشلىدى.

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ جۇڭگو نېفىت داشۆسى(بېيجىڭ) قاراماي مەكتەپ رايونىدىكى ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارغا جاۋاب خەت قايتۇرۇپ، جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرغان ياش ئوقۇغۇچىلارغا سەمىمىي تاپىلاپ، ئۇلارنى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، شەخسىي غايە - ئىنتىلىشنى پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىغا سىڭدۈرۈشكە رىغبەتلەندۈردى.

يىراقتىن كەلدى قىممەتلىك خەت، خەتتە يەتكۈزۈلدى چوڭقۇر مۇھەببەت. سەمىمىي ۋە چوڭقۇر مەنىلىك تاپشۇرۇققا چەكسىز ئارزۇ سىڭگەن بولۇپ، كىشىنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشكە ئۈندەيدۇ.

ياشلىق باھارىدا بۇ تۇپراققا تەرنى ئاققۇزغان ھەربىر كىشى، مۇشۇ پەيت، مۇشۇ دەقىقىدە، بۇنىڭدىن چوڭقۇر ئىلھاملىنىپ، چەكسىز سۆيۈندى.

### ۋەتەن ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلارغا بېرىش

1960 - يىلى 6 - ئايدا، 25 ياشلىق لىيۇ يىتىڭ پويىزغا ئولتۇرۇپ، خېنەن جېڭجوۋدىن غەربكە قاراپ يولغا چىقىپ، يەتتە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ شىنجاڭ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلدى.

نېمە ئۈچۈن كەلدىڭىز؟ «دۆلەت ۋەتەن ئەڭ ئېھتىياجلىق جايلارغا بېرىشقا چاقىرىق قىلدى، شىنجاڭدا ئوقۇتقۇچى كەمچىل دەپ ئاڭلىدىم، دەل مېنىڭ ‹كەسپىم توغرا كېلىدىكەن›. ياشلار ۋەتەن ئۈچۈن تۆھپە قوشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالىساق، نېمىدېگەن شەرەپلىك - ھە!» لىيۇ يىتىڭ ھەققانىيەت يولىدىن قايتمىدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

## ئالدىنقى يېرىم يىلدا «بۇلۇت تەكلىپ قىلىش» ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنى 300 مىڭغا يېقىن ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاۋ شياڭنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مائارىپ، ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت قاتارلىق تارماقلار تور «بۇلۇت تەكلىپ قىلىش» پائالىيىتىنى ئۈنۈملۈك تەشكىللەپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىكەن، ھازىرغىچە 4000 مەيدان قېتىمدىن ئارتۇق تۈرلۈك توردا تەكلىپ قىلىش پائالىيىتىنى ئۆتكۈزۈپ، 300 مىڭغا يېقىن ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلىگەن.

«توردا خىزمەت ئىزدەش پۈتۈنلەي يېڭىچە سىناق بولۇپ، ئوقۇش پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار بۇ خىل يېڭى شەكىلگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىپ، تەييارلىقنى پۇختا قىلىپ، خىزمەت ئىزدەپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىشى كېرەك» دېدى 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى شىنجاڭ زىجىن رەڭلىك مېتال چەكلىك شىركىتىدە ئىشقا ئورۇنلاشقان ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچى ئارزۇگۈل مەممەت.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

## ئاپتونوم رايونىمىز پېنسىيەگە چىققانلارنىڭ كۆتۈرۈش پۇلىنى يەنە بىر قېتىم ئۆستۈردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا خەۋەر قىلىدۇ: 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىق قىلىپ قوشۇلۇشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتى، مالىيە نازارىتى بىرلىشىپ «2020 - يىللىق پېنسىيەگە چىققانلارنىڭ ئاساسىي كۆتۈرۈش پۇلىنى تەڭشەشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقىتىپ، 2020 - يىلى 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، كارخانا ۋە ئورگان، كەسپىي ئورۇنلاردىن پېنسىيەگە چىققانلارنىڭ ئاساسىي كۆتۈرۈش پۇلىنى تەڭشەپ ئۆستۈرۈشنى قارار قىلدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل

## تۇرسۇننىسا:
# تىرىشىپ بىر مۇنەۋۋەر باشقۇرغۇچى بولىمەن

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لى شىڭ، جېڭ جو

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى خوتەن ناھىيەسىنىڭ يېڭىئاۋات يېزىسىدىكى نامراتلارنى يۆلەش كەسپلەر باغچىسىدا ماشىنىلارنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئىشچىلار ئالدىراش ئىشلەۋاتاتتى. مۇخبىرلار توقۇمىچىلىق سېخىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپ، يىراقتىن بىر قىزنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇ ھال رەڭ كوپتىسىنى قارا رەڭلىك ئىشتاننىڭ ئىچىگە تىقىۋالغان، پۇتىغا قارا رەڭلىك ئېگىز پاشنىلىق ئاياغ كىيىۋالغان، ئۇزۇن چېچىنى ئېگىز قىلىپ تۈگۈۋالغانىدى. قىز كۈلۈمسىرىگىنىچە كېلىپ، قولىنى سۇنۇپ: «ياخشىمۇسىلەر، مەن تۇرسۇننىسا ئەلى بولىمەن!» دېدى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### ھاللىق تۇرمۇشىمىزغا ئاتلىنايلى

#### خوتەن ۋىلايىتى ئۆزگىچە كەسپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشنى ئالغا سىلجىتتى

# غاز، توشقان باقمىچىلىقى باش رول ئوينىدى كۆڭۈلەر بارغانسېرى غەيرەتكە تولدى

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلايلى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز جېڭ بو، پەرىزات ئابدۇل، زوۋ يى، ئەن شيۇ، يىن تۇڭيۈەن

«2019 - يىلى 7 - ئايدىن باشلاپ توشقان بېقىپ ھازىرغىچە، مەن 12 مىڭ يۈەن پۇل تاپتىم» دېدى 6 - ئاينىڭ 23 - كۈنى خوتەن ناھىيەسى بۇزاق يېزىسى توخۇلا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ھۆرنىسا ئىمىنىياز كۈلۈپ تۇرۇپ مۇخبىرلارغا. ئەندىشە قىلىش، قاراپ بېقىشتىن ئاكتىپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن قاتنىشىشقىچە، ھۆرنىسانىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش ئىشەنچىسى بارغانسېرى تولۇپ تاشتى.

كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇشتىكى تۈپ تەدبىر. خوتەن ۋىلايىتى كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتە كېسەلگە قاراپ دورا بېرىپ، دەل جايىدا تەدبىر قوللاندى، غاز، توشقان باقمىچىلىقىنى گۈما، خوتەندىن ئىبارەت ئىككى ناھىيەنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى باش رولچىغا ئايلاندۇرۇپ، نامرات ئاممىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش ئېغىر ۋەزىپىسىنى يۈكلىدى. بۇگۈنكى كۈندە، نامرات ئاممىنىڭ مەنىۋى كۈچى بار بولدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشتىكى زاپاس كۈچى تولۇپ تاشتى، كۆڭۈللىرى بارغانسېرى غەيرەتكە تولدى.



كەنت ئاھالىلىرى گۈما ناھىيەسىنىڭ كۆكتېرەك يېزىسى توغراقتار كەنتىدىكى غاز چۈجىسى يېتىلدۈرۈش باقمىچىلىق بازىسىدا غاز چۈجىلىرىنى باقماقتا (6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تارتىلغان). ☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز زوۋ يى فوتوسى

### يانچۇق تومپايدى

خوتەن ناھىيەسى بۇزاق يېزىسىنىڭ نەسىللىك توشقان باقمىچىلىقىنى راۋاجلاندۇرۇش تۈردە، تېرەككىبېرىق كەنتىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە ئابدۇخېلىل ئابدۇللا بىرىنچى بولۇپ تەشەببۇسكارلىق بىلەن «تەمىنى تېتىش»نى تەلەپ قىلغان باقمىچىلىق ئائىلىسى.

2019 - يىلى، بۇزاق يېزىسى نەسىللىك توشقان باقمىچىلىقىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، شىنجاڭ زاۋتۇ دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنى كىرگۈزۈپ، زاۋتۇ باقمىچىلىق ئۈلگە كۆرسىتىش بازىسى قۇردى، ئابدۇخېلىل 1 - تۈركۈمدىكى باقمىچىلىق ئائىلىلىرى سېپىگە قوشۇلۇپ، ئەڭ بالدۇر نەپكە ئېرىشكەن نامرات ئاھالىلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى.

سكانېرلاپ سىنى كۆرۈڭ

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

# كىچىككىنە ناننىڭ غايەت زور تارتىش كۈچى

☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز شيا چىڭ، ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن رېن خۇڭفاڭ، دېڭ لىجۈەن

7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئاقسۇ نانچىلىق كەسپلەر باغچىسىغا كىردۇق، 1 - قەۋەتتە نان مۇزېيى، ھېس قىلىش رايونى، نان يېمەكلىكلىرى ئىشلەپچىقىرىش رايونى، نان مەھسۇلاتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش مەركىزى قاتارلىقلار، 2 - قەۋەتتە ئىستراھەت رايونى، تەكشۈرۈش رايونى، سودا ساراي، تاللا بازىرى، ئېلېكتروندۇق سودا رايونى، ئوراپ قاچىلاش رايونى، ئەشيا ئوبوروت رايونى قاتارلىقلار بار ئىدى.

2 - قەۋەتتىكى ئېكسكۇرسىيە كارىدورىدا تۇرۇپ، «ئوچۇق شەكىللىك تونۇر»نىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنىڭ پۈتۈن جەريانىنى كۆرگىلى بولاتتى، 600دىن ئارتۇق تونۇردا بىرلا ۋاقىتتا مەشغۇلات قىلىنىۋاتقان بولۇپ، كۆرۈنۈشى ئىنتايىن ھەيۋەتلىك ئىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، نانچىلىق كەسپى ئاقسۇنىڭ خاس كەسپلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى، ئاقسۇ نانچىلىق كەسپلەر باغچىسىنىڭ پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشى بىلەن ئادەتتىكى كىچىككىنە نان غايەت زور ئېنېرگىيە قويۇپ بېرىپ، نانچىلىق كەسپى پۈتۈن زەنجىرنى شەكىللەندۈرمەكتە.

### تارقاق ھۈنەرخانىلارنى كەسپلەشتۈرۈپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش

دىيامېتىرى ئۈچ مېتىر كېلىدىغان چوڭ نان ساياھەتچىلەرنى بەس - بەستە سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇرۇشقا جەلپ قىلدى. ناۋاي ئۇستام قەيسەر خوجاش كۆنجۈت نېنىنى تەييارلاش بىلەن ئالدىراش ئىدى، بۇ بىر تۈركۈم 3000 كۆنجۈت نېنىنى جېجياڭ خاڭجوۋ زاكاز قىلغان. قەيسەرنىڭ نان يېقىۋاتقىنىغا 21 يىل بولدى، بىر كۈندە 700دىن ئارتۇق نان ياقالايدۇ. ھازىر گەرچە ناھايىتى ئالدىراش بولسىمۇ، كۆڭلى ئىنتايىن خۇشال ئىدى.

«بۇ يەرگە كېلىشىمىز نان يېقىش ئۈچۈنلا ئەمەس، يەنە نان مەدەنىيىتىنى تارقاتقىلى بولىدۇ، كىرىمىمىزمۇ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ» دېدى قەيسەر.



7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، خىزمەتچىلەر ئاقسۇ نانچىلىق كەسپلەر باغچىسىدا نان ياقماقتا. ☐ ۋاڭ چى فوتوسى

(ئاخىرى 3 - بەتتە)